# نامراتلار دەل جايىدا يۆلەندى، ئۈنۈمى كۆزنى چاقناتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىمۇ دەل جايىدا بولۇشتا، دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش بولسا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ياخشى ئېتىشكە تېگىشلىك «تۇنجى تۈگمە».

چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا بازىرى يار بويى كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتى يىغىن زالىنىڭ تېمىدىكى بىر پارچە ئالاھىدە جەدۋەل كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكمۇ تارتاتتى. بۇ جەدۋەلگە ھەربىر كەنت ئاھالىسىنىڭ ئائىلە ئورنى، ئىسىم ـ فامىلىسى قاتارلىق ئاساسىي ئۇچۇرلار يېزىلغان، ھەربىر كەنت ئاھالىسى ئائىلىسىنىڭ بىر ئىككىلىك كودى بار بولۇپ، يان تېلېفون ئارقىلىق سىكانىرلاپلا بۇ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئائىلە كىرىمى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋاللىرىنى ئېنىق سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. كەنت كادىرلىرى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ۋە چەت ـ ياقىدا بولۇش سەۋەبىدىن ئاسان نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەرنى قەرەللىك زىيارەت قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپ ـ خەتىرى ساقلانغان كەنت ئاھالىسىگە قارىتا ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش ۋە يېڭى نامراتلىقنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈش، دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئۇچۇر سىستېمىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە كەڭ قوللىنىلدى.

2014 ـ يىلى، بىر تۈرلۈك مىسلى كۆرۈلمىگەن نامرات ئاھالىگە ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىش خىزمىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، نامراتلار سانلىق مەلۇماتىنىڭ تۇنجى قېتىم كەنتكىچە، ئائىلىگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2017 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون 220 مىڭغا يېقىن كادىرنى كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرىشكە تەشكىللەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىش ئۇچۇرى سانلىق مەلۇماتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت بەش دەرىجىلىك نامرات ئاھالە ئۇچۇرى ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئائىلىلەردە كارتا بولۇش، كەنتلەردە جەدۋەل بولۇش، يېزىلاردا دەپتەر بولۇش، ناھىيەلەردە ئارخىپ بولۇش، ۋىلايەتلەردە تۈپلام بولۇش، ئاپتونوم رايوندا ئامبار بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

2020 ـ يىلى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىش ۋە يېڭى نامراتلىق يۈزبېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىغا تايىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەپ ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامراتلىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەشتە «قىزىل، قىزغۇچ، سېرىق، يېشىل» تۆت خىل رەڭلىك سىگنال چىرىغى ئارقىلىق دەرىجىگە ئايرىپ ئالدىن سىگنال بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر، چەت ـ ياقىدا بولۇش سەۋەبىدىن ئاسان نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەر ھەمدە يۇقۇم ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىرىمى تېز ئازىيىپ كەتكەن، چىقىمى تېز ئېشىپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنئالا قاراتمىلىقى بار ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكى، ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈشنىڭ پايدىسى بىلەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە «كىمنى يۆلەش» مەسىلىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەل قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا باستۇرۇپ سۇغىرىشنىڭ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشقا ئۆزگىرىشىگە شارائىت يارىتىلدى.

## دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، نامراتلارنى يۆلەش «رېتسېپ»نى توغرا يېزىش

تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يەرلەرنى ئېنىقلاپ قايتا تەقسىملەش، چېگرا قوغدىغۇچىسى قىلىش، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت «يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىشتە دەل جايىدا «رېتسېپ» يېزىپ، نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ ئالدى.

«خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە مەن ئىلمىي ئۇسۇلدا قوغۇن تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدىم، پەيزىۋات قوغۇنىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى.» پەيزىۋات ناھىيەسى غولتوغراق بازىرى توغرا كىسىم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىسمائىل ھېلىم مۇنداق دېدى: ئىلگىرى تېرىقچىلىق تېخنىكىمىز ئاجىز بولغاچقا، ئاساسلىق قوغۇن چىقىدىغان رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولساقمۇ، پەيزىۋات قوغۇنى بۇ يەردىكى دېھقانلارنى بېيىتالمىغانىدى.

بايلىق ئەۋزەللىكىنى كەسىپ ئەۋزەللىكى ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش ـ ئايلاندۇرالماسلىقتىكى ئاچقۇچ كەسىپ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكنىڭ تولۇقلانغان ـ تولۇقلانمىغانلىقىدا، بۇ يەنە توغرا كىسىم كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا دەل جايىدا كۈچەش نۇقتىسى بولدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ باشلامچىلىقىدا، كەنتكە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى تەكلىپ قىلىنىپ، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە پەرۋىش قىلىش سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلدى، كەنتتە پەيزىۋات قوغۇنى سودا بازىرى قۇرۇلۇپ، سودىگەرلەرنى كېلىپ سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلدى، كەنت يەنە شۇ جايدىكى بىر كارخانا بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، پەيزىۋات قوغۇنى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەر بىر ـ بىرلەپ تولۇقلاندى.

2020 ـ يىلى، توغرا كىسىم كەنتىدىكى 2600 مودىن ئارتۇق پەيزىۋات قوغۇنىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 15 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پەيزىۋات قوغۇنى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار دېھقانچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، ئورمان بىنا قىلىشقا ماس كەلسە ئورمان بىنا قىلىش، چارۋىچىلىق قىلىشقا ماس كەلسە چارۋىچىلىق قىلىش، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كەلسە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش، سودا قىلىشقا ماس كەلسە سودا قىلىش، ساياھەتچىلىككە ماس كەلسە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سېجىل بولغان تىرەككە ئىگە قىلدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەنە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى زىچ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن 2109نى قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا، يېقىن ئەتراپتا ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

«رېتسېپ»نى توغرا يازغاندىلا ئاندىن «نامراتلىق يىلتىزى»نى يۇلۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈلۈپ ياخشى «رېتسېپ» يېزىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇنۇپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 32.32%كە يەتتى.

## دەل جايىدا كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى «قاتتىق قىيىنچىلىق»نى يېڭىش

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايون، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى يېڭىش ئەڭ تەس بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق».

باش شۇجى شى جىنپىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، شەھەر ـ بازارلاردىكى كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە چېگرا رايونلاردىكى ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كۈچەپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش «بىرىكمە مۇشت»نى ئېتىپ، ئەڭ ئاخىرقى قورغاننى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئالدى.

بىر ئىستاكان پاكىز سۇ ئىلگىرى پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ جاماز يېزىسى يېپەكچى كەنتىنىڭ 80 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ھەمت ھەسەن «كۆل سۈيى» «شورلۇق سۇ» ئىچىشتەك جاپالىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ھەمت بوۋاي ئۆيىدىكى سۇ جۈمىكىنى تولغاپ ئاچقىنىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ چىقىپ، ئۇ تاتلىق سۇدا بىر چەينەك خۇش پۇراق چاي قايناتالايدىغان بولدى، جاپالىق تۇرمۇش ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى رەسمىي تەستىقلىدى، نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇز تاغ چوققىسىدىكى قار، مۇز سۈيى مۇقىم، ئەلا سۈپەتلىك سۇ مەنبەسى قىلىنىپ باشلاپ كېلىندى، 2000 كىلومېتىرغا يېقىن قۇرۇلۇش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، پاكىز، بىخەتەر تۇرۇبا سۈيى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش سالمىقىنى سېجىل ئاشۇرۇپ، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. نامرات ئائىلىلەردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى بالىلارنىڭ نامراتلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشسىز قېلىشى، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشىنى ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نامرات ئاھالىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى 100%كە يەتكۈزۈلدى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 675 مىڭ 600 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىندى، باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن 169 مىڭ 200 نامرات ئاممىسى خۇشال ھالدا يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. جەمئىي 1 مىليون 520 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 3666 نامرات كەنتنىڭ يولى قاتناشلاشتۇرۇلدى، ئېنېرگىيە توكى يەتكۈزۈلدى، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، كەڭ بەلۋاغلىق تور تۇتاشتۇرۇلدى، نامرات ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى.

بىر قاتار كارغا كېلىدىغان ئۈنۈملۈك قوللاش سىياسەتلىرى ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە كۈچلۈك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 32 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلار يېپيېڭى قىياپەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل يۈكسەك رەسىمىنى تىرىشىپ سىزىپ چىقماقتا.

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

2020 ـ يىلدىن بۇيان، بۇ پائالىيەت 2600 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ 9000دىن ئارتۇق دەۋا تەلىپى يىغىۋېلىنىپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى 90%تىن كۆپرەككە يېتىپ، كادىرلار ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كادىرلار بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق بولۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

نازارەت قىلىش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، ئاممىنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرى ھەل قىلىندى؛ مەخسۇس تۈزەش چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان قىلمىشلار قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، تېز بىر تەرەپ قىلىندى... ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى توختىماي تۈزەپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەر ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يېڭى مۇساپىگە قايتا ئاتلىنىشتا، جەزمەن نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بەش نازىر دەرىجىلىك كادىرنىڭ موللاق ئاتقانلىق خەۋىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق سابىق دۆلەت زېمىن بايلىقى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر بەي دۈن، ئوردوس شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ساۋ جېجېن بىردەك كۆمۈر بايلىقى ساھەسىگە چېتىشلىق.

يۈن گۇاڭجۇڭ، شىڭ يۈن قاتارلىقلارنىڭ چىرىكلىشىش دېلولىرىدا پاش بولغان كۆمۈر بايلىقى ساھەسىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تەكلىپى بېرىپ، مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئىچكى موڭغۇل كۆمۈر بايلىقى ساھەسىدىكى نۇقتىلىق ئادەم، ئىش، مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، كەينىگە 20 يىل ياندۇرۇپ تەكشۈردى. 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈرگە چېتىشلىق جەمئىي 599 پارچە دېلو، 869 ئادەم دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

يېقىندا ئېچىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نىشان مەركىزىنى توغرىلاپ، دىققەت نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، بولۇپمۇ ھوقۇق مەركەزلەشكەن، مەبلەغ يىغىلغان، بايلىق مول توپلاشقان، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە كەسىپ ساھەلىرىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سالمىقىنى سېجىل زورايتىپ، نازارەت قىلىشنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەرلىك توسۇقىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

يېڭى مۇساپىگە قايتا ئاتلىنىشتا، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك ——

2020 ـ يىلى، جېجياڭ ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە جازا كۆرۈلگەن پارتىيەلىك كادىرلارنى قايتا زىيارەت قىلىپ تەربىيەلەش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا جازا كۆرۈلگەن 210 پارتىيەلىك كادىرغا قارىتا مەركەزلىك قايتا زىيارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك تەكلىپىدىن 19نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جازا كۆرۈش قارارىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بولماسلىق مەسىلىسىدىن 47نى تۈزىتىپ، جازا كۆرۈلگەن پارتىيەلىك كادىرلارنى خاتالىقىنى تونۇش، خاتالىقىنى تۈزىتىش، قايتا روھىنى ئۇرغۇتۇشقا تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى.

پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن چەكلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچنى پەرقلەندۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تولۇق قوزغاپ، يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، يېڭى ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش چەكسىز قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا مۇقەددىمە.

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشمۇ مۇقەررەر داۋاملىق يېڭى شانلىق سەھىپە يېزىلىدۇ.

«ئىنقىلابچىلار مەڭگۈ ياش».

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، 100 يىللىق چوڭ پارتىيە ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىكەن، چوقۇم دەۋر ئېقىنىنىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار توغرا كەيپىيات ئارقىلىق يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جىڭ ناھىيەسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى، ماناس ناھىيەسىنىڭ ماناس بازىرى نەنچېڭ مەھەللىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 66 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، باي ناھىيەلىك ئىتتىپاق باشلانغۇچ مەكتىپى، جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، ئالتاي قاناس ھاراقچىلىق گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئون ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون (ئورۇن)» دەپ نام بەرگەن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزدى.

پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» ئىدىيەسىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «مەركەزداش چەمبەر» سىزغانسېرى چوڭىيىدى.

چۆچەك شەھىرى قاتارلىق ئون ئورۇن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇسۇلدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ۋاستىنى بېيىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» ۋە «ھۈجەيرە قۇرۇلۇشى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سېجىل ياخشى تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئائىلە ۋە شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى خىزمەت قىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سېجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتىنى كۈنسېرى قويۇقلاشتۇردى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىن سەككىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست (شەھەر)» بەرپا قىلدى؛ 69 ئورۇنغا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون (ئورۇن)» دەپ نام بېرىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)